السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكلىڭلار ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ دىلىڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكلىڭلار ۋە ماللىرىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ دىلىڭلار ۋە ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ.»
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە: ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئۇ چىرايلىقمۇ ياكى سەتمۇ؟، چوڭمۇ ياكى كىچىكمۇ؟، ساقمۇ ياكى كېسەلمۇ؟ دەپ شەكلىگە ۋە جىسمىلىرىگە قارىمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ماللىرىغا قارىمايدۇ، كۆپمۇ ياكى ئازمۇ؟ دەپ، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلاردا پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن جازا بەرمەيدۇ ياكى مۇكاپاتلىمايدۇ، شۇنداقلا ھېساب ئالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قارايدۇ، شۇنداقلا دىلىدىكى ئىشەنچ، تەقۋادارلىق، راستچىللىق، سەمىمىيلىك ۋە ئىخلاسقا ياكى رىياخورلۇق، باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش تەرەپلىرىگە، ئىشنىڭ توغرا بولغان ياكى بولمىغان تەرەپلىرىگە قارايدۇ، شۇنىڭغا ئاساسەن جازالايدۇ ياكى مۇكاپاتلايدۇ.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4555